چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# سىرلىق ئارال

ژيۇل ۋېرن [فرانسىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# سىرلىق ئارال

ژيۇل ۋېرن [فرانسىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى باقى

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000-يىل 12-ئاي 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.


چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

**سىرلىق ئارال**

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك

شىركىتىدە بەت ياسالدى

شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

2006-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 2009-يىل 8-ئاي 2-بېسىلىشى

فورماتى: 787×970 mm  1/32:  باسما تاۋىقى: 6.5

ISBN 978-7-80658-929-8

---

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

责任编辑：穆巴拉克 · 阿帕尔
美术编辑：阿扎提 · 巴拉提
叶尔江 · 铁流
责任校对：吐尔洪 · 吐尼亚孜
艾比布拉 · 艾力
审　　定：亚森 · 吾不力哈斯木
吐尔洪江 · 苏里坦

世界经典文学作品赏析
神秘岛（维文）
托合提 · 巴克　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新博文印刷有限公司印刷
2006年5月第1版　2009年8月第2次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：6.5
ISBN 978-7-80658-929-8

定价：7.50 元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991-4521461

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ژيۇل ۋېرن (1828 — 1905) فرانسىيىنىڭ ئىلمىي فانتازىيە ۋە ئېكسپېدىتسىيە رومانى يازغۇچىسى. ئۇ، نانت شەھىرىدىكى بىر سودىيە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 19 يېشىدا پارىژغا كېلىپ قانۇن ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن سودىيە بولۇشنى خالىماي، تىياتىرخانىغا سەھنە ئەسىرى يېزىپ بەرگەن.

ژيۇل ۋېرننىڭ 66 پارچە رومانى ۋە سەھنە ئەسىرى، شۇنىڭدەك ئالتە توملۇق «ئۇلۇغ ساياھەتچى ۋە ئۇنىڭ ساياھەت تارىخى» دېگەن ئەسىرى بار. باش تېمىسى «مەلۇم بولغان ۋە مەلۇم بولمىغان دۇنيادىكى ئاجايىپ ساياھەتلەر» دېگەن بىر يۈرۈش ئىلمىي فانتازىيە ۋە ئېكسپېدىتسىيە رومانلىرى ئۇنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ، بۇ رومانلارنىڭ يېزىلىش دائىرىسى يەر شارىدىن ئالەم بوشلۇقىغىچە، گېئولوگىيە، جۇغراپىيىدىن دېڭىز قاتنىشى ھەم ئالەم قاتنىشىغىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەشھۇر تىرىلوگىيە «كاپىتان گرانتنىڭ پەرزەنتلىرى»(1868)، «دېڭىز ئاستىدىكى 20



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook

مىلىق ئەللىق سەپەر» (1870) ۋە «سىرلىق ئارال» (1875) ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدۇر. «سەكسەن كۈنلۈك يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرى» (1873) ئەڭ قارشى ئېلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. باشقا مۇھىم ئەسەرلىرىدىن يەنە «هاۋا شارىدىكى بەش ھەپتە» (1863)، «يەر مەركىزىگە ساياھەت» (1864)، «يەر شارىدىن ئاي شارىغىچە» (1865)، «ئاي شارىغا ساياھەت» (1870)، «ماشىنا ئارال» (1895) قاتارلىق ئىلمىي فانتا- زىيە ئۇسلۇبىدا يېزىلغان كۆپلىگەن رومانلىرى بار.

ژيۇل ۋېرن «ئىلمىي فانتازىيە ھېكايىلىرىنىڭ پېشۋاسى» دەپ تەرىپلەنگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە 19 ـ ئەسىر «ماشىنا دەۋرى» دىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىرادىسى ۋە خىيالى ئۇبرازلىق ۋە مۇبالىغە قىلىنغان ئاساستا ئەكس ئەتتۈ- رۈلگەن ھەمدە غەرب بىلەن ياپونىيە ھازىرقى زامان فانتازىيە ھېكايىلىرىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالغان. ئىلمىي فانتازىيە ھېكايىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇ- نىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ يېزىلغان ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ژيۇل ۋېرنىنىڭ ئە- سەرلىرى رېئاللىق بىلەن خىيالنى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بەزى مۇھىم ئىجتىمائىي تارىخىي ۋەقە- لەرنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ،

جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە ۋە قۇللۇق تۇ-زۇمىگە قارشى تۇرىدىغان ئىلغارلىق خاھىشلىرىنى يو-رۇتۇپ بەرگەن. ئۇ ئىلىم- پەن بىلىملىرى ئاساسىدا كەلگۈسىنى دادىل قىياس قىلغان، ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئىلمىي قىياسلىرىنىڭ ئاساسەن توغرىلىقى كېيىنكى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلانغان.

ژيۇل ۋېرنىنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ تىلى راۋان، ۋەقە-لىكى چىگىش، پېرسوناژلىرى جانلىق بولۇپ، كىشىنى بەكلا جەلپ قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بىلىم، قىزىقىش ۋە ئى-جادىيلىق مۇجەسسەملەشكەن. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان تە-بىئىي پەن جەھەتتىكى نۇرغۇن بېشارەت ۋە قىياسلار ھېلىھەممۇ كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئىلھام بەرمەكتە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نەچچە ئون خىل تىلغا تەرجىمە قى-لىنىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقىلىپ، سانسىزلىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا سازا-ۋەر بولدى.

# 1

1865 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى قاتتىق بوران چىقتى. يەر ـ جاھانغا ئاپەت يېغىۋاتقان ئاشۇ پەيتتە ھاۋا بوشلۇ-قىدىمۇ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى: ھىدروگېن گازى قاچىلانغان بىر شارنى قويۇن ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. شارغا ئېسىلغان سېۋەتتە بەش يولۇچى بار ئىدى. بوران ئېلىپ كەتكەن بۇ شار ئېگىز بوشلۇقتا چىققاندىن كېيىن قارا قويۇننىڭ ئوتتۇ-رىسىدا پىرقىراپ، سائەتتىكە 90 دېڭىز مىلى* تېزلىكتە ماڭدى.

— بىز كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتىمىزمۇ؟

— ياق! سىمىت ئەپەندى! چۈشۈپ كېتىۋاتىمىز!

— ئۇنداقتا، ئېغىر نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تېزدىن تاشلىۋېتىڭلار!

1865 ـ يىلى 23 ـ مارت كۈنى تىنچ ئوكياننىڭ بى-پايان ئاسمىنىدا ئۇشتۇمتۇت ۋاقىرىغان قاتتىق ئاۋازلار ياڭرىدى. شار سېۋىتىدىكى بەش يولۇچىنىڭ ئۆزلىرى-نىڭ قايسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقى، قانچىلىك مۇساپە ئۇچقانلىقىنى مۆلچەرلىگۈدەك ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

*بىر دېڭىز مىلى 1852 مېتىرغا تەڭ — مۇھەررىردىن.

ئۇلار ھاۋا بوشلۇقىدا بوران ئىچىدە قالايمىقان ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ۋاقتىنچە ئامان ـ ئېسەن ئىدى. ئوق ـ دورا، قورال ـ ياراغ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكلەر تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن، شار يەنە ئاتموسفېرانىڭ يۇقىرى قەۋىتىگە كۆتۈرۈلدى. سېۋەتتىكى يولۇچىلار تۆۋەندىكى بىپايان دېڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ خەتەرنىڭ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنىمۇ تاشلىۋەتتى. ئۇلار شار ئىچىگە قاچىلانغان ھىدروگېن گازىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللارنى قوللاندى.

چۈش بولاي دېگەندە، دېڭىز ئاسمىنىدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان شار ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلەپ كەتتى. شار ئىچىدىكى گاز ئاز ـ ئازدىن چىقىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ئاستا ـ ئاستا سولىشىپ، سېۋەت بىلەن سۇ يۈزىنىڭ ئارىلىقى 600 فۇت * تەكلا قالدى. ھىدروگېن گازى بىر يېرىقتىن ئۈزلۈكسىز چىقىۋەردى، ئۇنى رېمونت قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھىدروگېن گازى ئۇلارنىڭ شارنىڭ جېنى ئىدى، ھىدروگېن گازى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلار بىپايان دېڭىز ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرەلەيتتى.

* بىر فۇت (ئىنگلىز چىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 0.3048 مېتىرغا تەڭ — مۇھەررىردىن.

شارنى يىپنىكلىتىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىسى شارغا باغلانغان سېۋەتنى كېسىپ تاشلاپ، يولۇچىلار شارنىڭ سىرتىغا قاپلانغان تورغا ئېسىلىۋېلىش ئىدى. سېۋەتنىڭ شارغا باغلانغان ئارغامچىلىرى كېسىپ تاشلانغاندىن كېيىن سېۋەت چۈشۈپ كېتىپ، شار ئىككى مىڭ فۇت ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. يولۇچىلار شارنىڭ تو-رىغا ئېسىلىپ، پەستىكى چوڭقۇر دېڭىزغا كۆز تىكتى. غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئۇچقان شار ئەتىگەندىن بىرى نەچچە يۈز دېڭىز مىلى يول باستى؛ سائەت تۆتلەردە، شار بىلەن سۇنىڭ ئارىلىقى پەقەت 500 فۇتتەكلا قالدى. شار بارغانسېرى سولىشىۋەردى، ئۇنىڭغا قاچىلانغان ھىدرو-گېن گازى ناھايىتى ئاز قالغانىدى، نەق شۇ پەيتتە، غەربىي جەنۇب تەرەپتىن قۇرۇقلۇقنىڭ قارىسى كۆرۈندى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، شارنىڭ ھېلىقى كۆرۈنگەن يەرگە يېتىپ بېرىشىغا بىر دېڭىز مىلىدەكلا ئارىلىق قالدى. يولۇچىلار ئارغامچىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇلار ئا-خىر قۇمساڭغۇ دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ چۈشتى. يولۇ-چىلار بىر-بىرىگە ياردەملىشىپ، تور ئارغامچىسىدىن بوشىنىپ چىقتى. يېنىكلىشىپ قالغان شار شامالدا گويا يارىلانغاندىن كېيىن پاتلا ھوشىغا كېلىپ ئۇچۇپ كەتكەن قۇشتەك، ھايال ئۆتمەي كۆزدىن غايىب بولدى. سېۋەتتە ئەسلىدە بەش يولۇچى ۋە بىر ئىت بار ئىدى،

يەرگە تۆتلا ئادەم چۈشتى. ئېھتىمال ئۇلارنىڭ يەنە بىر ھەمراھىنى بايا شار دېڭىز دولقۇنىغا سوقۇلغاندا، دېڭىز دولقۇنى ئېقىتىپ كەتكەن بولسا كېرەك. خەتەرگە ئۇچ-رىغان بۇ تۆت ئادەم پۇتلىرى يەرگە تەگكەندىن كېيىنلا، بىر ھەمراھىنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ ۋارقىرىشىپ كەت-تى. بوراندا شار بىلەن ئۇچۇپ ئارالغا كېلىپ قالغان بۇ ئادەملەر ھاۋا شارى كەسپىي ئۇچقۇچىلىرىمۇ ئەمەس، ھاۋا سەيلىسىنى ياقتۇرىدىغان ھەۋەسكارلارمۇ ئەمەس، بەل-كى رىچموند شەھىرىگە قاماپ قويۇلغان ئۇرۇش ئەسىر-لىرى ئىدى.

بۇ قورقۇنچلۇق جەنۇب بىلەن شىمال ئۇرۇشى مەزگىلى ئىدى، رىچموند شەھىرى بىلەن بۇ جاينىڭ ئارىلىقى يەتتە مىڭ دېڭىز مىلى بولۇپ، ئۇ بۆلگۈنچى-لەرنىڭ قورغىنى ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ مەركىزى ئىدى. ئەمدى بىز بۇ بەش يولۇچىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ باقايلى: سايرېس سىمىت يېشى 45 لەردىكى ماسساچۇ-سېتسلىق ئىنژېنېر بولۇپ، جەنۇب بىلەن شىمال ئۇ-رۇشى مەزگىلىدىكى جەڭلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك قاتناشقان. گېدىيون سىپىلېت «نيۇيورك ئاۋانگارتلىرى» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى، سايرېس سىمىت بىلەن بىر كۈندە ئەسىرگە چۈشكەن، بەستلىك، يېشى 40 تىن ئاشمىغان، ھوشيار ئادەم. ئۇنىڭ تېنى بېجىرىم ـ ساغلام،



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ھەرىكىتى چاقىقان بولۇپ، ھەممە جەڭدە سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بىر قولىدا خاتىرە دەپتىرىنى، بىر قولىدا ئالتە ئاتارنى تۇتۇپ، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئارىسىدا يۈرۈپمۇ قەلىمىنى توختاتماي خاتىرە ۋە ماقالە يازاتتى. سايرىس سىممىتنىڭ خىزمەتكارى ناب قاۋۇل، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، 30 ياشلاردىكى نېگىر يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قۇل ئىدى. سايرىس سىممىت قۇللۇقنى بىكار قىلغۇچىلار تەرەپدارى بولغانلىقتىن، ئۇنى ئالللىبۇرۇن ئازاد قىلغانىدى. ئۇ ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، خوجايىنىغا چەكسىز سادىق بولغاچقا، خوجايىنىنىڭ يېنىدا ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. دېڭىزچى پېنكروف 40 ياشلارغا كىرىپ قالغان، قاۋۇل ـ بېجىرىم، تېنى ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن، ئوتلۇق كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ يەر شارىدىكى دېڭىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئارىلىغان، ھەممە خېيىمخەتەرنى كۆرگەن، يۈرەكلىك، دادىل، جەسۇر، ھەرقانداق ئىشقا تەۋەككۇل قىلىشقا تەييار ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا تېڭىرقىمايدىغان ئادەم ئىدى. خاربېرت براۋن تېخى بالا بولسىمۇ، ھەممەيلەن ئۇنى ياقتۇراتتى. يولغا چىقىدىغان كۈنى كەچتە ئەتراپ قاپقاراڭغۇ بولۇپ، سايرىس سىممىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ مەيدانغا يىغىلدى. بەش ئەسىر

شار سېۋىتىنىڭ تۈۋىدە ئۇچراشتى، كېچە بەك قاراڭغۇ بولغانلىقتىن، ئۇلارنى ھېچكىم بايقىمىدى، بۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىر - بىرىنى ئاران تەستە كۆردى. ئۇلار ئاستاغىنە سېۋەتكە جايلىشىۋېلىپ ئارغامچىنى يېشىۋې-تىپ ئوت تۇتاشتۇرۇش جۈمىكىنى ئاچتى - دە، تېزلا شار بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. شۇ تاپتا ئۇلارنى شامال ئۇچۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلغان ۋەتىنىدىن نەچچە مىڭ دېڭىز مىلچە يىراقلىقتىكى قاقاس ئارالغا ئاپىرىپ قويغانىدى.

2

ئىنژېنېر شار تورىنىڭ يىرتىلغان يېرىدىن سۇغا چۈشۈپ كەتكەچكە، ئۇنى ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىز دولقۇنى يۇتۇپ ئېقىتىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئامراق ئىتى توپمۇ بىللە يوقالغانىدى.

— ماڭايلى! — دەپ ۋارقىرىدى گېدىيون سىپىلېت.

سىپىلېت، خاربېرت، پېنكروف ۋە ناب تۆتىلىسىلا ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق ھېرىپ ماجالى قالمىغانلىقىنى يا-دىدىن چىقىرىپ، ئىنژېنېرنى ئىزدەپ كېتىشتى. ساي-رىپس سىمىتنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلى-رىنىڭ قىرغاققا چىقىپ قېلىشى ئارىلىقىدا ئىككى



مىنۇتمۇ ۋاقىت ئۆتمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇلار سايرىس سىمىتنى ۋاقتىدا تېپىشنى ئۈمىد قىلىشاتتى. ئۇلار پات ـ پات توختاپ، بار ئاۋازى بىلەن چاقىراتتى، لېكىن ھېچقانداق جاۋاب سادا قايتمىدى. ئۇلار ئالاھازەل بىر-نەچچە دېڭىز مىلى يول ماڭغاندىن كېيىن، ھېرىپ ـ چارچاپ ماجالىدىن كەتتى. بۇ گىياھىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان ئۇنۇمسىز، تاشلىق كىچىك ئارال بولۇپ، بۇ قاقاس ئارالنى دېڭىز قۇشلىرىلا ماكان تۇتقانىدى. ئۇلار بۇ قاقاس، تاشلىق ئارال كەڭرەك بىر ئارالنىڭ بىر بۆلىكىمىدۇ ـ يا؟ دېگەن مۆلچەر بويىچە ئالدى ـ كەينى-گە مېڭىپ چاقىرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سادا-سىنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتكۈل ئارال تىمتاس جىم-جىت ئىدى.

قاراڭغۇ كېچە ئۆتۈپ كەتتى، پۈتكۈل ئارال ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى، غەرب تەرەپتىكى تىك قىر-غاقنىڭ كەينىدە بىر پارچە قۇرۇقلۇق بار ئىدى. شۇ يەرگە بېرىۋالسىلا، ئۇلارنىڭ ھەرھالدا ۋاقىتلىق جان ساقلىيالايدىغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى. بۇلار تۇرغان كى-چىك ئارال بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ ئارىلىقىنى كەڭلىكى يېرىم دېڭىز مىلى كېلىدىغان، شاۋقۇنلۇق تېز ئېقىن-لىق بوغۇز بۆلۈپ تۇراتتى. نېگىر ناب خوجايىنىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئالدىراپ تاقەت قىلىپ تۇرالماي، تەۋەككۇل

قىلىپ بوغۇز سۈيىگە چۈشۈپ ئۈزۈپ كەتتى. چۈش بولغاندا، دېڭىز تاشقىنى قايتىپ، بوغۇزنىڭ قۇم باسقان تېگى ئېنىق كۆرۈنۈپ قالدى، سۇ ئاققان جاي ساھىل بولۇپ قالدى. ئۈچەيلەن تار سۇ يولىدىن ئۆتۈپ قارشى قىرغاققا چىقىپ، كېيىنكى قەدەمدە قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشكە كىرىشتى. سىپىلىت قايتىپ كېلىپ، شۇ يەردە پېنكروف بىلەن ئۇچرىشىدىغان بولۇپ ۋەدىلەشتى ـ دە، بىرنەچچە سائەتنىڭ ئالدىدا ناب كەتكەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپ قىرغاققا چىقتى؛ پېنكروف ئۇنى شۇ يەردە كۈتمىدىغان بولدى. سىپىلىت دوقمۇشتىن بۇرۇلدى ـ دە، كۆزدىن غايىب بولدى.

— خوش، — دېدى پېنكروف، — ئىشىمىز ئوڭدىن كېلىپ قالار، پىلان بويىچە ھەرىكەت قىلايلى. بىز چارچىدۇق، مۇزلىدۇق، ئېچىرقاپ كەتتۇق. دېمەك، بىز پاناھ جاي، ئوت ۋە ئوزۇقلۇق تېپىشىمىز كېرەك. ئورمانلىقتا ئوتۇن بار، ئۇۋىلاردا تۇخۇم بار، كەم نەرسە پەقەت تۇرالغۇ جايلا.

— بولىدۇ، — دېدى خاربېرت جاۋابەن، — بىز پاناھلانغۇدەك بىرەر ئۆڭكۈر بارمىكىن، قاراپ كېلەيلى.

ئۇ ئىككىسى دېڭىز ساھىلىدىكى چوڭ قىيا تاشنى بويلاپ ماڭدى. تاشنىڭ تۆپىسىدە سەدەپ قۇلۇلىسى نا-



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com